# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى كۈن قەرىلگەندە، ئەسىرنى بولسا كۈن تېخى نۇرلۇق چاغدا، شامنى كۈن پاتقاندا ئوقۇيتتى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى كۈن قەرىلگەندە، ئەسىرنى بولسا كۈن تېخى نۇرلۇق چاغدا، شامنى كۈن پاتقاندا ئوقۇيتتى، خۇپتەننى بەزىدە كېچىكتۈرۈپ، بەزىدە بالدۇر ئوقۇيتتى، جامائەتنىڭ توپلانغانلىقىنى كۆرسە بالدۇر ئوقۇيتتى، جامائەت كېچىكسە تەخىر قىلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەيھى ۋەسەللەم بامداتنى قاراڭغۇدىلا ئوقۇيتى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىتلىرى بايان قىلىنغان، پېشىن نامىزى قوياش تىكلىشىپ بىر ئاز قەرىلگەندىن باشلاپ ئوقۇلىدۇ، بۇ دەسلەپكى ۋاقتى. ئەسىر نامىزى قوياش تېخى نۇرلۇق، قوياش پېتىشتا كۆرۈلىدىغان سېرىقلىق يوق ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ، زاۋال سايىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئىككى ھەسسە بولغاندا ئوقۇلىدۇ. شام نامىزى قوياش پاتقاندىن كېيىنلا ئوقۇلىدۇ. ئەمما خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى جامائەت بولغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئوقۇلىدۇ، ئەگەر دەسلەپكى ۋاقتىدا كەلسە شۇ ۋاقىتتا بولمىسا جامائەتكە ئېغىرچىلىق بولمىسا كېچە يېرىم بولغاندا ئوقۇلىدۇ، دەسلەپكى ۋاقتى بولسا قوياش پاتقاندىن كېيىنكى قىزىللىق يوقالغان ۋاقىت. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا ئوقۇلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3516

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee